# 10394 - يۈزى ۋە چاچلىرى ئوچۇق بولسىمۇ روزا تۇتۇشنى خالايدۇ

## سۇئال

چېچىمنى ۋە يۈزۈمنى ئوچۇق قويۇپ روزا تۇتسام روزام توغرا بولامدۇ؟ خىزمەتكە بارغان ۋاقتىمدا چېچىم، بوينۇم ۋە قوللىرىم ئوچۇق قالىدۇ، باشقا جايلىرىمنى يۆگەيمەن بۇ توغرىمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار جانابى ئاللاھقا خاستۇر.

روزىڭىزنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تولۇق قوبۇل بولۇشى ۋە ھەسسىلەپ ساۋاپقا ئىگە بولۇشىڭىز ئۈچۈن يات ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا تولۇق ھىجابلىق يۈرۈشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇ ئىبادەتنىڭ تەقەززاسى تەقۋالىقنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ناماز ۋە باشقا ئەمەللەرمۇ شۇنداق بولىدۇ.

مۇسۇلمان خانىم-قىزلىرىنىڭ ھىجابنى تەرك قىلىپ تۇرۇپ روزا تۇتسىمۇ تۇتقان روزىسى توغرا بولىدۇ. ئەمما ھىجابنى تەرك قىلغاننىڭ گۇناھى بولىدۇ. قىز-خانىملارنىڭ چېچىنى ئوچۇق قويۇشى روزىنىڭ بۇزۇلۇشىغا تەسىرى بولمايدۇ. لېكىن تولۇق ھىجابقا كىرمەسلىك ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ ئاللاھ بۇنىڭ جازاسىنى بېكىتكەن.

بىز سىزنى ۋە باشقا قىز-خانىملارنىمۇ ئاللاھنىڭ: مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرى پۈركەنچە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن. ۋە تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن. ۋە لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن. دېگەن بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا نەسىھەت قىلىمىز.

ئاللاھ ھەممىمىزنى بۇ مۇبارەك ئايدىن ھاسىل بولىدىغان تەقۋادارلىققا نائىل قىلسۇن.